ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بىر تۇتاش تەلىم-تەربىيە قوللانمىسى

باشلانغۇچ 1- يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# الفقه والسلوك

# ئىسلامىي ئەھكام ۋە ئەخلاقلار



1 - قىسىم

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# الفقه والسلوك

# ئىسلامىي ئەھكام ۋە ئەخلاقلار

باشلانغۇچ 1 ـ يىللىق

1 ـ مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

1 - قىسىم

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


1 ـ بۆلەك: قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلاش
2 ـ بۆلەك: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ راستچىللىقى، ئامانەتدارلىقى ۋە شجائىتى
3 ـ بۆلەك: سالاملىشىش
4 ـ بۆلەك: ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش
5 ـ بۆلەك: ئۇستازنىڭ ھەققى
6 ـ بۆلەك: ھاجەتنى ئادا قىلىش ئەدەبلىرى


# قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلاش



ئۆمەر دادىسى بىلەن ھەجگە بېرىپ بىر كىچىك بالىنىڭ قۇرئاننى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۆمەر قۇرئاننى ئۇ بالىدىن مۇلايىملىق بىلەن ئېلىپ، كىتاب ئىشكابىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى ۋە دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىشىغا قۇلاق سالدى.







# كىلىڭلار، بىز بىرلىكتە قۇرئان كەرىمنى قانداق ئۇلۇغلاشنى بىلىۋالايلى!



قۇرئاننى تۇتۇشتىن بۇرۇن تاھارەت ئالىمەن.

قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن بۇرۇن: ﴿أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ «اللّٰەقا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيمەن.

سۈرىنى باشلاشتىن بۇرۇن: ﴿بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾ «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەيمەن.

قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغاندا جىم تۇرۇپ قۇلاق سالىمەن.

قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش جەريانىدا بىھۇدە ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولمايمەن.

قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىمەن.

قۇرئان كەرىمنى ئۆزىگە لايىق ئورۇندا قويىمەن.

## كۆنۈكمە

1 ياخشى ئەخلاقنى 🟢 رەڭ بىلەن، ناچار ئەخلاقنى 🔴 رەڭ بىلەن بوياىمەن.

- قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇش
- قۇرئان كەرىم بار نەرسىگە يۆلىنىش
- قۇرئانغا رەسىم سىزىش ۋە خەت يېزىش

**2** چېكىتلىك سۆزلەرنى قەلەم بىلەن يازىمەن.

- اللّٰه تائالا قۇرئاننى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺگە نازىل قىلدى.
- مەن قۇرئان كەرىمنى ياخشى كۆرىمەن.
- مەن قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇيمەن.

**3** بىر قېرىندىشىم دوستىنىڭ تارتمىسىدا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە ۋاراقلىرىنى كۆردى. مەن بۇ قېرىندىشىمغا ياردەملىشىپ قانداق قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى تاللاپ بېرەي:

- ○ قېرىندىشىم ئۇ دوستىغا ۋاراقلارنى ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىدۇ.
- ○ دوستىنىڭ ئىشى بىلەن كارى بولمايدۇ.
- ○ قېرىندىشىم ئۇ دوستىغا قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلاش ھەققىدە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

**4** بويايمەن.

ئەلھەمدۇلىللاھ! مەن قۇرئان كەرىمنى قانداق ئۇلۇغلاشنى ئۆگىنىۋالدىم.

# پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ راستچىللىقى، ئامانەتدارلىقى ۋە شىجائىتى

**پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ**

**ئۇنىڭ دادىسى**
ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ

**ئۇنىڭ ئانىسى**
ئامىنە بىنتى ۋەھب

- پەيغەمبەر ﷺ پىل يىلى مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان.
- اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى بارلىق كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.



**مەن پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ نى ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن.**

**پەيغەمبەر ﷺ گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى بولۇپ، ئۇ ئامانەتدار، راستچىل، شجائەتلىك، پېقىر ـ مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلارغا كۆيۈنىدىغان رەھىمدىل كىشى ئىدى.**

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئامانەتدارلىقى

پەيغەمبەر ﷺ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرىمۇ ھەم، كېيىنمۇ ھەم ئامانەتدار ئىكەنلىكى ھەممە كىشىلەرگە مەشھۇر ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر پۇل ـ ماللىرىنى ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا ساقلاشقا بېرەتتى. پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا، ئۆز قولىدىكى باشقىلارنىڭ ئامانەتلىرىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇردى.

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ راستچىللىقى

اللّه تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يەككە اللّهقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشقا بۇيرۇغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ﷺ مەككە مۇكەررەمەدىكى سافا تېغىغا چىقىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى توپلىغانىدى، ئۇلار كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاغىسى ئەبۇ لەھەبمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن: «ئەگەر بۇ جىلغىدا بىر ئاتلىق قوشۇن سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى دېسەم ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: «ھەئە، بىز سېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىڭنى كۆرۈپ باقمىدۇق» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداقتا، سىلەرگە قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن مەن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرماقچىمەن» دېدى[1]

[1] بۇخارى توپلىغان.

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شىجائىتى

مۇسۇلمانلار بەدر جېڭىدە مۇشرىكلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتا مۇشرىكلارنىڭ سانى ۋە قورال ـ ياراقلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن كۆپ ئىدى . بۇ جەڭدىكى ئەڭ شىجائەتلىك ، دۈشمەنلەرگە ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ جاسارەتلىك كىشى پەيغەمبەر ﷺ ئىدى . ھەتتا ساھابىلەر مۇشرىكلاردىن قورقىدىغاندا ئۇچۇن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالاتتى .[1]

**ئەلھەمدۇلىللاھ ! مەن بۇ دەرستىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم:**

1. سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىشنى ،
2. ئامانەتلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشنى ،
3. سۆزلىرىمدە راستچىل بولۇشنى ،
4. ھەقنى سۆزلەشتە اللّٰەتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماسلىقنى ،
5. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان چاغدا ئۇنىڭغا دۇرۇت ۋە سالام يوللاشقا ئەھمىيەت بېرىشنى .


[1] ئىمام ئەھمەد توپلىغان.

## كۆنۈكمە

**1 ئۇستازىمىدىن ئۈگەنگەنلىرىمگە ئاساسەن تۆۋەندىكى مەشىقلەرنى ئىشلەيمەن:**

(ئا) قاتاردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قاتاردىكى مۇناسىپ ئىبارىلەرگە تۇتاشتۇرىمەن.

| (ئا) | (ب) |
|---|---|
| مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ياخشى كۆرىمەن | يامان كۆرىمەن. |
| كىچىكلەرنى ئۇرۇش | چوقۇم ئىگىسىگە قايتۇرىمەن. |
| بىر نەرسىنى ئارىيەت ئالسام | ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن. |
| مەن يالغانچىلىقنى | شىجائەتنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. |
| بىرەر مەنزىلگە چۈشسەم | أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ «اللّٰەنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ، مەخلۇقاتلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيمەن. |



**2** (1) كاتەكچىگە مۇناسىپ سۆزلەر يېزىلغان دۇگىلەكنى يېشىل رەڭ بىلەن، (2) كاتەكچىگە مۇناسىپ سۆزلەر يېزىلغان دۇگىلەكنى قىزىل رەڭ بىلەن بويايمەن.

(1) اللّه ياخشى كۆرىدىغان ۋە كىشىلەرمۇ ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەر

(2) اللّه ئۆچ كۆرىدىغان ۋە كىشىلەرمۇ غەزەپ قىلىدىغان سۈپەتلەر

شجائەت

راستچىللىق

ئوغرىلىق

يالغانچىلىق

خىيانەت قىلىش

ئامانەتدارلىق

# سالاملىشىش

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

**ئۇستاز ئوقۇغۇچىلارغا:**

— مەن سىلەرنى كۆپ ياخشىلىقلارغا ۋە كىشىلەرنىڭ سىلەرنى ياخشى كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ — دېگەندى،

**ئوقۇغۇچىلار:**

— بولىدۇ ئۇستاز، — دېدى.

**ئۇستاز:**

— ئۇ بولسىمۇ سىلەر ئۆزئارا ئۇچراشقاندا دەيدىغان ئىسلامىي سالامدۇر:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە
رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

**ئەھمەد ئۇستازىدىن:**

— مەن تونۇمايدىغان كىشىلەرگىمۇ سالام قىلىمەنمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى،

**ئۇستازى:**

— ھەئە، تونۇغان ۋە تونۇمىغان ھەرقانداق مۇسۇلمانغا سالام قىلىمىز، — دېدى.

**خالىد:**

— بىزگە سالام قىلغان كىشىگە نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرىمىز؟ — دەپ سورىغانىدى،

**ئۇستازى:**

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ دەپ جاۋاب بېرىمىز، — دېدى.

كۆنۈكمە

**1** ئۇستازىمدىن ئۆگەنگەنلىرىمگە ئاساسەن تۆۋەندىكى مەشىقلەرنى ئىشلەيمەن:

ئىمران ئىبنى
ھۇسەين رەزىيەللاھۇ
ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەسسالامۇ
ئەلەيكۇم» دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: «10 ياخشىلىق»
دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە
رەھمەتۇللاھ» دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: «20 ياخشىلىق»
دېدى. ئاندىن يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ
ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ»
دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: «30 ياخشىلىق»
دېدى.[1]

**2** سالامنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ساۋابقا تۇتاشتۇرىمەن.

| | |
|---|---|
| ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم | 20 ياخشىلىق |
| ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ | 30 ياخشىلىق |
| ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ | 10 ياخشىلىق |

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

3 تۆۋەندىكى سالام ئىبارىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلىنى بويايمەن:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

4. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنىڭ ئاستىدىكى دۈگىلەككە توغرا (✓) ياكى خاتا (✗) بەلگىسىنى قويىمەن:

1

قېرىندىشىم ئۆيگە كىرگەندە مۇنداق دەپ مېنى خۇرسەن قىلدى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، قانداق ئەھۋالىڭىز ئانا؟

قانداق ئەھۋالىڭىز ئانا؟



2

ساۋاقداشلىرىمنىڭ سىنىپقا كىرگەن ۋاقتىدا قىلغان ئىشى مېنى خۇرسەن قىلدى:

ئۇ كىرىپلا ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى.

ئۇ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ» دېدى، ئاندىن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

3

قېرىندىشىمنىڭ ساۋاقدىشى بىلەن ئالاقىلاشقاندا قىلغان بۇ سۆزى مېنى خۇرسەن قىلدى:

ئابدۇللاھ قەيەردە؟

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، ئابدۇللاھ قەيەردە؟

**4**

مەن قېرىندىشىمنىڭ يېنىغا كىرگەندە:
«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەنىدىم، ئۇنىڭ
مۇنداق دېگەنلىكى مېنى خۇرسەن قىلدى:

ماڭا تاتلىق تۇرۇم
ئەكەلدىڭمۇ؟

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە
رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ،
ماڭا تاتلىق تۇرۇم
ئەكەلدىڭمۇ؟

# ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش

ئۇستاز: سىلەر جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ ئانا جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر، ئەگەر خالىساڭ ئۇ ئىشىكنى بۇزۇۋەت، خالىساڭ ئۇنى مەھكەم ساقلا»[1].

**ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش — جەننەت يولىدۇر.**

[1] تىرمىزى تونلىغان.

### اللّٰه تائالا بىزنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾

«پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى»[1].



### پەيغەمبەر ﷺ بىزنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم ئەڭ ھەقلىق؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە: «ئاناڭ» دېدى. ئۇ كىشى يەنە: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە: «ئاناڭ» دېدى. ئۇ كىشى: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «داداڭ» دەپ جاۋاب بەردى[2].

**ئوقۇغۇچىلار:**

ھەممىمىز جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ يولدا مېڭىشنى خالايمىز!

[1] سۈرە ئىسرا 23- ئايەت. [2] بۇخارى توپلىغان.

ئۇستاز: ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش كۆپلىگەن ئىشلاردا بولىدۇ. مەسىلەن:

- بىرەر ئورۇنغا كىرىپ ـ چىقىشتا ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدە مېڭىش
- ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئاۋازنى پەسەيتىش
- ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا رۇخسەت سوراپ كىرىش
- اللّٰەقا ئاسىي بولمايدىغان ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش
- ئۇ ئىككىسىگە سالام قىلىش
- ئۇلارنى خۇرسەن قىلىش

**ئەلھەمدۇلىللاھ! مەن ئاتا ـ ئانامغا قانداق ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم.**

كۆنۈكمە

**1** ئۇستازىمدىن ئۆگەنگەنلىرىمگە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا (✓) ياكى خاتالىقىغا (×) ھۆكۈم قىلىمەن:

1. ئوقۇغۇچىنىڭ بۇ سۆزى مېنى خۇرسەن قىلدى:

| | |
|---|---|
| ☐ دادا! بۇگۈن مېنىڭ مەدرىستىكى كۈنۈم بەك ياخشى ئۆتتى. | ☐ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، دادا! بۇگۈن مېنىڭ مەدرىستىكى كۈنۈم بەك ياخشى ئۆتتى. |

2. ئاكامنىڭ بۇ ئىشى مېنى خۇرسەن قىلدى:

| | |
|---|---|
| ☐ ئاكام ئانامغا تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلدى. | ☐ ئاكام ئانامغا تىۋۋىلدى. |

2 ئەگەر ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولسام قانداق قىلىمەن؟





3 ئوقۇڭ ۋە بوياڭ:



مەن ئاتا-ئانامنى ياخشى كۆرىمەن.

مەن دادامغا ۋە ئانامغا ئىتائەت قىلىمەن.

ئاتا-ئانامنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى مېنى خۇرسەن قىلدى.

# ئۇستازنىڭ ھەققى





سىزگە سىنىپتا كىم دەرس ئۆگىتىدۇ؟

مەن ئۇستازىمنىڭ ھەققىنى ئۆگىنىمەن:

- ئۇنىڭغا سالام قىلىمەن.

  ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

- ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن.
- ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىمەن.
- ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا ئەدەپلىك بولىمەن.

ئۇستازىم ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى ئۆگەتتى:

سىنىپتىن چىقىش ئالدىدا ۋە كىرىشتىن بۇرۇن رۇخسەت سوراش

مەدرىستىكى تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەش

كىتاب ۋە ئوقۇش ئەسۋابلىرىمنى ياخشى ساقلاش

سوئال سورىغان ۋە جاۋاب بەرگەندە، ئويۇن ئوينىغان
ۋە باشقا ئىش - ھەرىكەتلىرىمدە ئەدەپلىك بولۇش

ئى ئۇستاز! يۈكسەلدۈق تەربىيىڭىزدە،
قىلغاچ سىز كۆپ مېھنەت بىزگە ھەردائىم.
بىزلەرچۈن تۆككەن شۇ قان - تەرىڭىزگە،
ھەسسىلەپ ئەجىرلەر بەرسۇن ئاللاھىم.

كۆيۈنۈپ بىزلەرگە ئىلىم بەردىڭىز،
مېھرىڭىز سىڭدۈرۈپ ھەققە يېتەكلەپ.
ئۆگىتىپ سۈننەتنى، ئىمان، ئىسلامنى،
ئاخىرەت ئورنىمىز جەننەت بولسۇن دەپ.

## كۆنۈكمە

**ئۇستازىمدىن ئۆگەنگەنلىرىمگە ئاساسەن تۆۋەندىكى مەشىقلەرنى ئىشلەيمەن:**

1 ئۇستازىمنىڭ ھەقلىرىدىن ئۈچنى ئېيتىپ بېرەي.

2 ئەگەر ئۇستازىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قۇلاق سالمىسام قانداق بولىدۇ؟ مەدرىستىكى تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلىمىسەمچۇ؟

3 ئوقۇغۇچىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى مېنى خۇرسەن قىلدى:

مەن سىرتقا چىقىپ سۇ ئىچىپ كېرەي.

ئۇستاز، سۇ ئىچىپ كېرەي دېگەن، رۇخسەت بېرەمسىز؟

4 دوستلىرىمنىڭ بۇ ئىشى مېنى خۇرسەن قىلدى:


دوستلىرىمنىڭ دوسكىلارنى قالايمىقان قىلىشى مېنى خۇرسەن قىلدى.

دوستلىرىمنىڭ دوسكىلارنى ئاسرىشى مېنى خۇرسەن قىلدى.

5 بوياڭ:

ئۇستازى اللّٰه سىزنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىسۇن.

# ھاجەتنى ئادا قىلىش ئەدەبلىرى





ئىسلام — پاكىزلىق ۋە پاكلىق دىنىدۇر. ئىسلام بىزگە ھاجەت ئادا قىلىش ئەدەپلىرىنى ھەم ئۆگەتكەن. ئۇنداقتا، سىز بۇ ھەقتە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

**ھاجەتخانىغا كىرگەندە مۇنداق دەيمەن:**



**[بِسْمِ اللَّهِ] اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ.**

«اللّٰه نىڭ ئىسمى بىلەن (كىرىمەن). ئى اللّٰه! ساڭا سېغىنىپ ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**ھاجەت ئادا قىلىۋاتقاندا گەپ قىلمايمەن.**

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ھاجەت ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن چوڭ ـ كىچىك تەرەت چىققان ئورۇننى سول قولۇم بىلەن سۇ ياكى قەغەز ۋە ياكى تاش بىلەن تازىلايمەن.









ھاجەتخانىدىن چىققاندا «غُفْرَانَكَ» «مەغپىرەتىڭنى (تىلەيمەن)» دەيمەن[1].

## كۆنۈكمە

ئۆگەنگەنلىرىمگە ئاساسەن تۆۋەندىكى مەشىقلەرنى ئىشلەيمەن.


2 ئوڭ تەرەپتىكى ئىبارىنى سول تەرەپتىكى مۇناسىپ ئىبارىگە تۇتاشتۇرىمەن.

| | |
|---|---|
| ھاجەتخانىغا كىرگەندە مۇنداق دەيمەن: | غُفْرَانَكَ |
| ھاجەتخانىدىن چىققاندا مۇنداق دەيمەن: | بِسْمِ اللَّهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ. |
| | [بِسْمِ اللَّهِ] اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ. |

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

**1** ياخشى ئەخلاقنىڭ ئالدىغا «✓» بەلگىسىنى قويىمەن.

| | |
|---|---|
| ☐ ھاجەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن پاكىزلاشنى ياخشى كۆرىمەن. | ☐ ھاجەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن پاكىزلىمايلا ھاجەتخانىدىن چىقىشنى ياخشى كۆرىمەن. |



**3.** بويايمەن.

مەن مۇسۇلمان، بەدىنىمنى ۋە كىيىملىرىمنى پاك تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىمەن. ھاجەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن تازىلىق ئۆيىنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىمەن.

# الفقه والسلوك

## ئىسلامىي ئەھكام ۋە ئەخلاقلار

باشلانغۇچ 1 ـ يىللىق

2 ـ مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

# 2 ـ مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

## مۇندەرىجە

بىرىنچى بۆلۈم: پاكلىق ۋە پاكىزلىق

ئىككىنچى بۆلۈم: تاھارەت

ئۈچىنچى بۆلۈم: پەرز قىلىنغان نامازلار

تۆتىنچى بۆلۈم: نامازنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنى بۇزىدىغان ئىشلار

- بىرىنچى دەرس
- ئىككىنچى دەرس
- ئۈچىنچى دەرس
- تۆتىنچى دەرس

نامازنىڭ سۈپەتلىرى

- بەشىنچى دەرس: نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار

# پاكلىق ۋە پاكىزلىق

بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەي:







مەن پاكلاش ۋە پاكىزلاشتا يۇقىرىقى نەرسىلەرگە مۇھتاج بولىمەن.

## بىرىنچىسى، پاكلىق



پاكلىق دېگەن — اللّٰه تائالا بىزگە ۋاجىب قىلىپ بۇيرۇغان ئىشتۇر.

اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى بۇنىڭغا دەلىلدۇر:

﴿وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ﴾

«كىيىمىڭنى پاك تۇت[1]»

[1] سۈرە مۇددەسسىر 3- ئايەت.

## مەن مۇسۇلمان

چوڭ ـ كىچىك تەرەت چىققان ئورۇننى تاكى نىجاسەت يوقىغانغا قەدەر سۇ بىلەن تازىلايمەن.

بۇ ــ **ئىستىنجا** قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.



## مەن مۇسۇلمان

چوڭ ـ كىچىك تەرەت چىققان ئورۇننى تاكى نىجاسەت يوقىغانغا قەدەر تاش ياكى قەغەز بىلەن تازىلايمەن.

بۇ ــ **ئىستىجمار** قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.





مەن ھاجەت ئادا قىلىش ئەدەبلىرى توغرىسىدا مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇشنى ئۆگەندىم:

ھاجەتخانىغا كىرگەندە

[بِسْمِ اللَّهِ] اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ.[1]

ھاجەتخانىدىن چىققاندا

غُفْرَانَكَ[2]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان. [1] ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

## پاكلىقنىڭ قاتارىدىن

### تاھارەت

نامازدىن ئىلگىرى پاك سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشىم ۋاجىبتۇر.



### نىجاسەتنى يوقىتىش

بەدەن، كىيىم ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇندىكى نىجاسەتنى سۇ بىلەن يوقىتىمەن.

### كىيىم



### بەدەن



### ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن



# ئىككىنچىسى ، پاكىزلىق

دادا ، كىيىمىمگە شەربەت ئېقىپ كەتتى . ئۇنى كىيىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇسام بولامدۇ؟



بولىدۇ ئوغلۇم! لېكىن كىيىمىڭنى داۋاملىق پاكىز تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگىن .



ئىسلام دىنىمىز بىزنى پاكىز بولۇشقا تەۋسىيە قىلىدۇ



تىرناقلىرىم ئۆسۈپ قالسىلا ئېلىۋېتىمەن .

كىيىملىرىم كىر بولۇپ قالسا يۇيىمەن .



**كۆنۈكمە**

**1** تۆۋەندىكى ئىشلارنى تەرتىپى بويىچە تىزىمەن:

ھاجەت ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن:










**2.** نىجىس نەرسىلەرنى دۈگىلەك ئىچىگە ئالىمەن.

سۈيدۈك تەر شۆلگەي چوڭ تەرەت

**3** (ئا) قاتاردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قاتاردىكى مۇناسىپ ئىبارىگە تۇتاشتۇرىمەن.

| (ئا) | (ب) |
|---|---|
| تىرناقلىرىم ئۆسۈپ كەتسىلا | تاھارەت ئالىمەن. |
| ئىستىنجا ۋە ئىستىنجامار قىلغاندا | سول قولۇمنى ئىشلىتىمەن. |
| كىيىمىم كىر بولۇپ كەتسە | يۇيىمەن. |
| چوڭ ـ كىچىك تەرەت چىقىدىغان ئورۇندىكى نىجاسەتنى | ئىستىنجا ياكى ئىستىنجامار بىلەن يوقىتىمەن. |
| پاك سۇ بىلەن | ئېلىۋېتىمەن. |

**4** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئىزلاپ يازىمەن:

تاھارەت پەقەت پاك سۇ بىلەن دۇرۇس بولىدۇ.

تاھارەت پەقەت پاك سۇ بىلەن دۇرۇس بولىدۇ.

ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى كىيىمىم، بەدىنىم ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇندىكى نىجاسەتنى يوقىتىمەن.

ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى كىيىمىم، بەدىنىم ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇندىكى نىجاسەتنى يوقىتىمەن.

**5** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تىزىپ راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرىمەن.

بەدىنىمنى | ۋە كىيىمىمنى | تىرىشىمەن | پاكىز تۇتۇشقا

.............................................................

# تاھارەت

## نامازدىن ئىلگىرى نېمە قىلىش ۋاجىب؟

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«كىمكى (ئايەت ـ ھەدىستە) بۇيرۇلغاندەك تاھارەت ئالسا ۋە ناماز ئوقۇسا، بۇندىن بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ[1]»

تاھارەتنىڭ سۈپەتلىرى:



1 «بىسمىللاھ» دەيمەن.

2 ئىككى قولۇمنى بىغىشىمغىچە ئۈچ قېتىم يۇيىمەن.

[1] نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.



3 ئېغىز ـ بۇرنۇمنى ئۈچ قېتىم چايقايمەن.



4 يۈزۈمنى ئۈچ قېتىم يۇيىمەن.



5 ئىككى قولۇمنى بارماقلىرىمنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ جەيننىكىم بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىمەن.



6 بېشىم ۋە قۇلىقىمغا بىر قېتىم مەسىھ قىلىمەن.







7 ئىككى پۇتۇمنى ئوشۇقۇم بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىمەن.

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى زىكرنى ئوقۇيمەن:

أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ

وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

«گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ﷲتىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر»[1].

سىنىپتىن چىققاندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن بىللە ئەمەلىي تاھارەت ئېلىپ بېقىڭ.



[1] مۇسلىم توپلىغان.

## كۆنۈكمە

**1 دۇگىلەك ئىچىگە مۇۋاپىق سانىنى تولدۇرۇش ئارقىلىق تاھارەت ئېلىشنىڭ تەرتىپىنى رەتكە تىزىمەن.**

يۈزۈمنى يۇيىمەن.



ئىككى پۇتۇمنى ئوشۇقۇم بىلەن قوشۇپ يۇيىمەن.



بېشىمغا ۋە قۇلىقىمغا مەسھە قىلىمەن.



ئىككى قولۇمنى بېغىشىمغىچە يۇيىمەن.




ئىككى قولۇمنى جەينىكىم بىلەن قوشۇپ يۇيىمەن.



ئېغىز-بۇرنۇمنى چايقايمەن.



**2** جەينەك ۋە ئوشۇققا دۈگىلەك سىزىپ كۆرسىتىلگەن ھەمدە ئاستىدىكى دۈگىلەككە ئىسمىنى يازىمەن.



..................................



..................................

**3** تۆۋەندىكى جۈملىنى بويايمەن:



تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيمەن:


أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ

وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

# پەرز قىلىنغان نامازلار

بىر كېچە ـ كۈندۈزدە قانچە قېتىم
ئەزان ئاڭلايسىز؟

ناماز دېگەن — ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ
ئىچىدە شاھادەت كەلىمىسىدىن قالسىلا
ئىككىنچى ئاساستۇر.



**بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز پەرز قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار:**



ئىككى رەكئەت



تۆت رەكئەت



تۆت رەكئەت



ئۈچ رەكئەت



تۆت رەكئەت

**مەن اللّٰهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن ناماز ئوقۇيمەن.**

**پەرز قىلىنغان نامازلارنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش ــ جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەب بولىدۇ.**

## كۆنۈكمە

**1** تۆۋەندىكى ھەدىسنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىدىن كەم قالغىنىنى تولۇقلايمەن:

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بُنِيَ الإِسْلاَمُ عَلَى خَمْسٍ: شَهَادَةُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ وَإِقَامُ الصَّلاَةِ وَإِيتَاءُ الزَّكَاةِ وَصَوْمُ شَهْرِ رَمَضَانَ وَحَجُّ الْبَيْتِ» «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار: <بىر اللّٰە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ﷺ اللّٰە نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسىدۇر> دەپ گۇۋاھلىق بېرىش؛ نامازنى تولۇق ئادا قىلىش؛ (ئۆلچەمگە يەتكەن مالدىن) زاكات بېرىش؛ رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش ۋە (تاقىتى يەتسە) بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىش»[1] .

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شاھادەت ئېيتىش | .............. .............. | زاكات بېرىش | رامىزان روزىسى تۇتۇش | ھەج قىلىش |

**2** «✓» بەلگىسىنى توغرا جاۋابنىڭ ئاستىغا قويىمەن.

پەرز قىلىنغان نامازلارنىڭ سانى قانچە؟

5 ○　　9 ○　　7 ○

**3** توغرا جاۋابنى دۈگىلەك ئىچىگە ئالىمەن.

كۈندىلىك تۇنجى نامىزىم

پېشىن

بامدات

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى توپلىغان.

## نامازنىڭ سۈپەتلىرى (1)



بارلىق مۇسۇلمانلار نامازنى
بىرخىل شەكىلدە ئادا قىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن؟

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[1].



1 قىبلىگە ئالدىمنى قىلىمەن.



2 «اللّٰه أَكْبَر» دەپ باشلاش تەكبىرى ئېيتىمەن.


مەن نامىزىمدا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىمەن.

[1] بۇخارى توپلىغان.



3 ئوڭ قولۇمنى سول قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، مەيدەمنىڭ ئۈستىگە قويىمەن.

4 ناماز باشلاش ساناسىنى ئوقۇيمەن:
سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ
وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ.[1]



5 سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيمەن، ئاندىن قۇرئان كەرىمدىن يادقا ئالغان سۈرىنى ئوقۇيمەن.

ناماز باشلاش ساناسى ۋە فاتىھە سۈرىسىنى تىڭشىتىمەن.

ناماز سۈپەتلىرىدىن ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمەلىي قىلىپ باقاي

[1] ئىمام تىرمىزى توپلىغان.

# نامازنىڭ سۈپەتلىرى (2)

## ئەگەر ناماز ئوقۇماقچى بولسىڭىز

- قايسى تەرەپكە ئالدىڭىزنى قىلىسىز؟
- باشلاش تەكبىردە نېمە دەيسىز؟
- باشلاش تەكبىردىن كېيىن نېمە ئوقۇيسىز؟

فاتىھە سۈرىسىنى ۋە قۇرئان كەرىمدىن يادقا
ئالغان ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن



6 تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىمەن ۋە «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمْ» نى ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم دەيمەن.



7 رۇكۇدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ «سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ، رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ» دەيمەن.



**8** تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىمەن ۋە «سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى» نى ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم دەيمەن.



**9** «اللهُ اَكْبَرْ» دەپ تۈز ئولتۇرىمەن ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ: «رَبِّ اغْفِرْ لِيْ، رَبِّ اغْفِرْ لِيْ» دەيمەن.



**10** تەكبىر ئېيتىپ ئىككىنچى سەجدىنى قىلىمەن ۋە «سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى» نى ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم دەيمەن.



# (3) نامازنىڭ سۈپەتلىرى

رۇكۇدا نېمە دەيسىز؟

رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىن نېمە قىلىسىز؟

ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغاندا نېمە دەيسىز؟

## ئىككىنچى سەجدىدىن تۇرغاندىن كېيىن



11

«اللّٰه اَكْبَرْ» دەپ ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرىمەن ۋە ئۇنىمۇ تۇنجى رەكئەتكە ئوخشاش ئادا قىلىمەن.



12

ئىككىنچى رەكئەتنىڭ (ئىككىنچى سەجدىدىن) كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرىمەن ۋە مۇنداق دەيمەن:

التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ، وَالصَّلَوَاتُ، وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ. أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

## نامازنىڭ سۈپەتلىرى (4)

ئىككىنچى رەكئەتنى قانداق ئادا قىلغانلىقىڭىزنى ئەسلەڭ.

ئىككىنچى رەكئەتتە (ئىككىنچى سەجدىدىن) كېيىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا نېمە دەيسىز؟

بىرىنچى تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمەن.



13 نامازنىڭ قالغان رەكئەتلىرىنىمۇ ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەتكە ئوخشاش ئادا قىلىمەن لېكىن قىرائەت قىلغاندا پەقەت سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇيمەن.



14 نامىزىمنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغاندا ئاخىرقى تەشەھھۇدنى ئوقۇيمەن ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللايمەن.

## تەشەھھۇد دۇئاسى

التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ، وَالصَّلَوَاتُ، وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ. أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

«بارلىق سالاملار، رەھمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار ﷲ قا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا ﷲ نىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن. شۇنداقلا، بىزگە ۋە ﷲ نىڭ ياخشى بەندىلىرىگە ﷲ نىڭ سالامى بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى بىر ﷲ تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ﷲ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.»

اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

«ئى ﷲ ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغانىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلىنىشكە لايىق ۋە ئۇلۇغ زاتتۇرسەن؛ ئى ﷲ ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلىنىشكە لايىق ۋە ئۇلۇغ زاتتۇرسەن.»






15

ئاۋۋال ئوڭ تەرىپىمگە، ئاندىن سول تەرىپىمگە «السَّلاَمُ عَلَيْكُم وَرَحْمَةُ اللَّهِ» دەپ سالام بېرىمەن.

نامازنى سۈپەتلىرىدىن ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمەلىي قىلىپ باقاي

# نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار



## كۆنۈكمە

**1** (ئا) قاتاردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قاتاردىكى مۇناسىپ ئىبارىگە تۇتاشتۇرىمەن.

### (ئا)



سەجدىدە



رۇكۇدا



ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىسىدا



رۇكۇدىن تۇرغاندا

### (ب)

سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيم

«ئۇلۇغ رەببىمنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.»

سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى

«ئەڭ ئۈستۈن بولغان رەببىمنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.»

سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ

«ھەمدە ئېيتقان كىشىنىڭ (ھەمدىسىنى) الله ئاڭلايدۇ».

رَبِّ اغْفِرْ لِي، رَبِّ اغْفِرْ لِي

«ئى رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن».

**2** توغرا سۆزنى تاللاپ مۇناسىپ ئورۇنغا قويىمەن.

ئاخىرقى | ئىككىنچى | ئەۋۋەلقى

........................ رەكئەتتىن كېيىن ئەۋۋەلقى تەشەھھۇدنى ئوقۇيمەن.

............ رەكئەتتىن كېيىن ئاخىرقى تەشەھھۇدنى ئوقۇيمەن.

**3** ئىككى تەشەھھۇد بار نامازلارنى بىر قاتارغا، بىر تەشەھھۇد بار نامازنى بىر قاتارغا تىزىمەن:

بامدات نامىزى | پېشىن نامىزى | ئەسىر نامىزى | شام نامىزى | خۇپتەن نامىزى

ئىككى تەشەھھۇد بار نامازلار | بىر تەشەھھۇد بار ناماز

..................................

..................................

..................................

..................................

..................................

**4** تۇۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرىمەن:

1) ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن ئەۋۋەلقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرىمەن ۋە مۇنداق دەيمەن:

التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ، وَ.....................، وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ

......................... وبَرَكَاتُهُ، السَّلاَمُ ......................... وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ

الصَّالِحِينَ. أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ......................... وَأَشْهَدُ أَنَّ.................... عَبْدُهُ

وَرَسُولُهُ.

2) تاھارەتنى .................... ياكى .................... ۋە ياكى .................... بۇزىدۇ.

**5** يازىمەن:

**1) ئەگەر نامازنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى سەۋەبلىك ناماز بۇزۇلۇپ كەتسە، نامازنى قايتىلاش ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنداقتا، نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟**

....................................................................................

....................................................................................

....................................................................................

....................................................................................

